# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 7 ـ ئاي
22
دۈشەنبە
维吾尔文 7月22日

新疆日报网: www.xjdaily.com
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24764 ـ سان بۈگۈن 8 بەت


### مەركەز «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «خىزمەت لايىھەسى» بېسىپ تارقاتتى

# پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** يې-
قىندا، مەركەز «ئەسلى مەقسەتنى ئۇن-
تۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»
باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇ-
رۇپپىسى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇ-
ماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»
باش تېما تەربىيەسىدە پارتىيە نىزامنامى-
سى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ
پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش توغرىسىدىكى
خىزمەت لايىھەسى»نى بېسىپ تارق-
تىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تار-
ماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلاردىن باش
تېما تەربىيەسىدە پارتىيە نىزامنامىسى،
پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ، مەسى-
لىلەرگە توغرا قاراش ئاڭلىقلىقى ۋە پې-
چاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش جاسا-
رىتى بىلەن، ئەسلى مەقسەت ۋە
بۇرچقا خىلاپ ھەر خىل مەسىلىلەرنى
بىر ـ بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ، ئومۇمىيۈز-
لۈك تەكشۈرۈپ تېپىپ، مەسىلىنى ھەق-
قىي، ئەمەلىي ھەل قىلىشنى تەلەپ
قىلدى.

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)


سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى


### دىققەتنى يېشىل تەرەققىياتقا مەركەزلەشتۈرۈش ئومۇمىيۈزلۈك خوتىنى يۇقىرىلىتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش

# چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت رايونىنىڭ قىياپىتى يېڭىلاندى

□ **مۇخبىرىمىز يۈ شى**

ئايئاق قارلىق چوققىلار بىلەن ياپيې-
شىل شەمشادلار گىرەلىشىپ جىلۋە
قىلاتتى، ھەممە يەرنى قاپلىغان گۈللەر ئې-
رىقلاردا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇ بىلەن
بىر ـ بىرىگە جور بولۇپ گۈزەل مەنزىرە
ھاسىل قىلغانىدى، بۇنداق گۈزەل يېزا ـ
كەنتلەرنى كۆرگەن كىشىلەر قايتىشنىمۇ
ئۇنتۇپ قالاتتى...
تومۇزدىكى ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ
چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت رايونى جاي ـ
جايلاردىن كەلگەن ساياھەتچىلەرگە بىر پارچە
يېپيېڭى نام كارتىسى كۆرسىتىپ تۇراتتى.
بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە، ئۈ-
رۈمچى ناھىيەسى 7 مىليون 110 مىڭ 900
ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋالدى، بۇ
ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 35.26% ئاشتى،
پەققەت 6 ـ ئايدىلا 1 مىليون 822 مىڭ 900
ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋالدى، بۇ
ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 65.48% ئاشتى.
ساياھەتچىلەرنىڭ شىددەت بىلەن
كۆپىيىشىنىڭ ئارقىسىدا، ئۈرۈمچى ناھىيە-
سىنىڭ چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت
رايونى قۇرۇلۇشنى چۆرىدەپ بوشاشماي
كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بار: ئېسىل
مەنزىرە رايونى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ،
ئومۇمىيۈزلۈك خوتىنى يۇقىرىلىتىپ دەرى-
جىسىنى ئۆستۈردى؛ سۈزۈك سۇ، يېشىل
تاغنى «ئېكولوگىيە پايدىسى» تارقاتقۇز-
دى؛ گۈزەل يېزا ـ كەنتلەرنى «گۈزەل ئى-
گىلىك»كە تۈرتكە بولغۇزدى.

■ **مەنزىرە رايونىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە يېڭى بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈلدى**

چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت را-
يونى يىپەك يولى مەدەنىيەت كۆرگەزمە
مەركىزىدە ھازىر جىددىي قۇرۇلۇش قىل-
نىۋاتىدۇ، شىنجاڭنىڭ چوڭ تىپتىكى ھەق-
قىي مەنزىرىلىك تىياتىرى «كوئېنلۇندىكى
ئۇچرىشىش» ۋاقتى كەلگەندە مۇشۇ
جايدا قويۇلىدۇ.
بۇ چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت
رايونىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە يېڭى بۆ-
سۈشنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنىڭ بىر مىسالى.
«چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت
رايونىنىڭ ئورنىنى بەلگىلەشنى چۆرى-
دەپ، بىز <كەشتىلەش> ماھارىتىمىزنى
كۆرسىتىپ، مەنزىرە رايونىنىڭ سۈپىتىنى
ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈردۇق.» 7 ـ ئاينىڭ
15 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ناھىيەلىك پارتكوم
دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن
ھاكىم فاڭ ئەيگو مۇخبىرغا مۇنداق
دېدى: يۇقىرى ئۆلچەملىك، يۇقىرى سە-
ۋىيەلىك بىرىك پىلاننى ئالدىن يولغا قو-
يۇشتا چىڭ تۇرۇشتىن باشقا، يېقىنقى يىل-
لاردىن بۇيان مەنزىرە رايونى سىرتتىن
ئىچكىچە خوتىنى يۇقىرىلىتىپ دەرىجىسىنى
ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېسىل
مەنزىرە رايونى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتتى.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

### ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساياھەتچىلىك كەسپى تەرەققىياتىنىڭ تېز يولىغا چىقىرىش

# «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مەنزىرە رايونلىرىغا كىرگۈزۈش» خىزمىتى باشلاندى

مۇخبىرىمىز لىۋ يىنىڭ 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ
كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن «شىنجاڭ يېزا ئىگى-
لىك مەھسۇلاتلىرىنى مەنزىرە رايونلىرىغا
كىرگۈزۈش» باشلىنىش مۇراسىمىدىن ئى-
گىلىشىچە: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، مەدەنىيەت ـ ساياھەت
قاتارلىق تارماقلىرى زىچ ھەمكارلىشىشنى
قانات يايدۇرۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ
ئاۋات پەسلىدىكى ساياھەتچىلەر مەنبەسى
ئەۋزەللىكىنى چىڭ تۇتۇپ، «شىنجاڭ
يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مەنزىرە را-
يونلىرىغا كىرگۈزۈش» خىزمىتىنى قانات
يايدۇرۇش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك مەھ-
سۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كارخانىلىرى،
ساياھەت تاۋارلىرىنى سېتىش كارخانىل-
رى، ھەرقايسى چوڭ مەنزىرە رايونل-
رى، مەنزىرە نۇقتىلىرىنى ئالاقىلىشىش،
ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشكە يېتەكلەپ،
ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرىنىڭ بەلگە
خاراكتېرلىك خاس يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە
مەھسۇلاتلىرى ساياھەت تاۋارلىرىنى ئې-
چىشقا مەدەت بېرىپ، رايون ئالاھىدىلىك-
گە باي، ساياھەتچىلەر ئىنتايىن ياخشى كۆ-
رىدىغان بىر تۈركۈم تونۇلغان يېزا ئىگىلىك
قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ساياھەت تاۋارل-
رىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ خاس
يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش سەۋى-
يەسىنى ئۆستۈرىدىكەن.
شۇ كۈندىكى باشلىنىش مۇراسىمى
شىنجاڭ تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايو-
نىدا ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەت نەق مەيدانى-
دىكى تىجارەت مەخسۇس رايونىدا قوغۇن،
قۇرۇق ئۈزۈم، ياڭاق سوقمىقى، ئۈستى-
قۇددۇس جەۋھەر مېيى قاتارلىق شىنجاڭ-
نىڭ ئون نەچچە خىل ئەلا سۈپەتلىك يېزا
ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مەركەزلىك نامايان
قىلىنىپ، زور تۈركۈمدىكى ساياھەت-
چىلەرنى قەدىمىنى توختىتىپ تېتىپ بېقىش-
قا، سېتىۋېلىشقا جەلپ قىلدى.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

# ئىللىق تەبەسسۇم ئۇچۇن

□ **مۇخبىرىمىز چاۋ جىن**

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئاپتونوم
رايونىمىزدىكى تۇغما كالپۇك ـ تاڭلاي
يېرىقى بار نامرات بالىلارنى ھەقسىز
داۋالاش بويىچە «ئانىلار تەبەسسۇم ھە-
رىكىتى» شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارد-
مىقىدىكى 5 ـ دوختۇرخانىدا باشلان-
دى، ئايرىپ تەكشۈرۈش نەق مەيدانى-
دا، پىدائىيلار قىزىل جىلىتكىسى كىيگەن
«چېچىنى بىر تال بوغۇۋالغان» بىر قىز
ئۇيياقتىن ـ بۇياققا ئالدىراش يۈرۈپ،
ئاغرىق بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئايرىپ
تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى تولدۇرۇپ بېرد-
ۋاتاتتى، ئاغرىق بالىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئا-
ئىلە ـ تەۋەلىرىگە ئوپېراتسىيە قىلىشتا
مەنئى قىلىنىدىغان ئىشلارنى چۈشەندۈ-
رۈپ بېرىۋاتاتتى، بىردەم ـ بىردەم
ئاغرىق بالىلارنى بەزلەپ قوياتتى.

(ئاخىرى 7 ـ بەتتە)

### لى پېڭشىن ئاقسۇ ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز لى ياڭ خەۋەر قىل-
دۇ: 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجى-
سى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى
يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلى-
قى لى پېڭشىن ئاقسۇ ۋىلايىتىدە تەك-
شۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىت-
لىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يې-
تەكچى قىلىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇن-
تۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»
باش تېما تەربىيەسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 7 ـ بەتتە)



**ئارشاڭدىكى پۇراقلىق رەيھان ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى**

**سۈرەتتە: 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر ئارشاڭ ناھىيەسىدە پۇراقلىق رەيھان تېرىقچىلىق با-
زىسىدا سەيلە ـ ساياھەت قىلماقتا. شۇ كۈنى، ئارشاڭ ناھىيەسىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك پۇراقلىق رەيھان سايا-
ھەت مەدەنىيەت بايرىمى باشلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ ناھىيە پۈتۈن رايون ساياھىتى بويىچە
ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى پائال بەرپا قىلىپ، «مەدەنىيەت + ساياھەت + تەنتەربىيە» يۇغۇرما تەرەققىيا-
تىنى ئالغا سىلجىتتى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇ ناھىيە كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 730 مىڭ ئادەم قې-
تىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 71% ئاشتى. □ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى**

# گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى

# «شىنجاڭغا دائىر بىرقانچە تارىخي مەسىلە» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار
**خۇاڭ شياۋشى، ساۋ بىن**) گوۋۇيۈەن ئاخبا-
رات ئىشخانىسى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «شىن-
جاڭغا دائىر بىرقانچە تارىخي مەسىلە»
ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلدى.
ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق دېيىل-
دى: جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا، ئا-
سىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىن-
دىكىگە جايلاشقان، موڭغۇلىيە، رۇسىيە،
قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان،
ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستاندىن ئى-
بارەت سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرىلىن-
دۇ، داڭلىق «يىپەك يولى» بۇ جايدا قە-
دىمكى جۇڭگو بىلەن دۇنيانى باغلاپ،
ئۇنى كۆپ خىل مەدەنىيەت جەملەنگەن
جايغا ئايلاندۇرغان.
ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنۇلار كۆرسى-
تىلدى: جۇڭگو بىرلىككە كەلگەن كۆپ
مىللەتلىك دۆلەت، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر
جۇڭخۇا مىللىتى ئائىلىسىنىڭ قان قېرىن-
داش ئەزالىرى. ئۇزاق تارىخىي تەرەققى-
يات مۇساپىسىدە، شىنجاڭنىڭ تەقدىرى
باشتىن ـ ئاخىر ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ ۋە
جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەم-
بەرچاس باغلىنىپ كەلگەن. ھالبۇكى، بىر
مەزگىلدىن بۇيان، چېگرا ئىچى ـ سىرتى-
دىكى دۈشمەن كۈچلەر، بولۇپمۇ مىللىي
بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي
كۈچلەر، زوراۋان ـ تېررورچى كۈچلەر
جۇڭگونى بۆلۈۋېتىش، پارچىلاش مەقسى-
تىگە يېتىش ئۈچۈن، تارىخنى قەستەن
بۇرمىلاپ، ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ
ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئۇلار شىنجاڭ ئەزەل-
دىن جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى يوققا
چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن كۆپ
مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆپ
خىل مەدەنىيەت ئالماشقان، كۆپ خىل دىن
تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىدەك ئوب-
يېكتىپ پاكىتنى ئىنكار قىلىپ، شىنجاڭنى بى-
مەنىلىك بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» دەپ
ئاتاپ، شىنجاڭ «مۇستەقىللىقى»نى تەرغىب
قىلىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى جۇڭخۇا
مىللىتى چوڭ ئائىلىسىدىن، شىنجاڭدىكى
مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى كۆپ مەنبە بىر گەۋ-
دىلەشكەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىن ئايرى-
ۋېتىشكە ئۇرۇندى.
ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنۇلار تەكىت-
لەندى: تارىخنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ،
پاكىتنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. شىنجاڭ
جۇڭگو مۇقەددەس زېمىنىنىڭ ئايرىلماس
بىر قىسمى، شىنجاڭ ئەزەلدىن قانداقتۇر
«شەرقىي تۈركىستان» ئەمەس؛ ئۇيغۇر
مىللىتى ئۇزاق مەزگىل كۆچۈش، يۇغۇ-
رۇلۇش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن،
جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى؛
شىنجاڭ كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ
خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان
رايون، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيە-
تى جۇڭخۇا مەدەنىيىتى قوينىدا يېتىلىپ
تەرەققىي قىلغان؛ ئىسلام دىنى ئۇيغۇر
مىللىتى ئەلمىساقتىن تارتىپ ئېتىقاد قىلىپ
كەلگەن دىن ئەمەس ھەم بىردىنبىر ئېتى-
قاد قىلغان دىن ئەمەس، جۇڭخۇا مەدەنى-
يىتىگە يۇغۇرۇلغان ئىسلام دىنى جۇڭخۇا-
نىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقان
ھەم ساغلام راۋاجلانغان.
ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق دېيىل-
دى: نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئىقتىساد سىجىل
تەرەققىي قىلماقتا، جەمئىيەت ئىناق،
مۇقىم بولماقتا، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈك-
سىز ياخشىلانماقتا، مەدەنىيەت مىسلىسىز
گۈللەنمەكتە، دىنلار ئېجىل، رايىش ئۆت-
مەكتە، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانى-
سىدەك زىچ ئۇيۇشماقتا، شىنجاڭ تارىخ-
تىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي
قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا. (ئاق تاشلىق
كىتابنىڭ تولۇق تېكىستى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ
بەتتە بېرىلدى)

# شىنجاڭنىڭ تەقدىرى باشتىن ـ ئاخىر ئۇلۇغ ۋەتەن بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئوبزورچىسى**

گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى
7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «شىنجاڭغا دائىر
بىرقانچە تارىخي مەسىلە» ناملىق ئاق
تاشلىق كىتابىنى ئېلان قىلدى. ئاق
تاشلىق كىتاب تەپسىلي ۋە ئېنىق تارى-
خىي ماتېرىياللار ۋە تارىخىي ماتېرىيا-
لىزملىق، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق
كۆز قاراش، ئۇسۇللارنى تەتبىقلاپ،
دۆلەت، تارىخ، مىللەت، مەدەنىيەت،
دىن قاتارلىق مەسىلىلەرنى توغرا
تونۇپ، شىنجاڭغا دائىر بىرقانچە تارى-
خىي مەسىلىگە ئىلمىي جاۋاب بەردى،
چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەن
كۈچلەرنىڭ تارىخنى بۇرمىلايدىغان،
ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىل-
ۋېتىدىغان خاتا سەپسەتىلىرىگە كۈچلۈك
رەددىيە بېرىپ، مەنبەدىن ساپلاشتۇ-
رۇپ، ئادالەتنى ياقلاپ، رەزىللىكنى
تۈگىتىدىغان قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ
تارقاتتى.
جۇڭگو بىرلىككە كەلگەن كۆپ
مىللەتلىك دۆلەت. ئۇزاق تارىخي تە-
رەققىيات مۇساپىسىدە، شىنجاڭنىڭ تەق-
دىرى باشتىن ـ ئاخىر ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ
ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن
چەمبەرچاس باغلىنىپ كەلگەن. بىر
مەزگىلدىن بۇيان، چېگرا ئىچى ـ سىر-
تىدىكى دۈشمەن كۈچلەر، بولۇپمۇ
مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسە-
بىي كۈچلەر، زوراۋان ـ تېررورچى
كۈچلەر (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئۈچ
خىل كۈچ» دېيىلدى) شىنجاڭ ئەزەل-
دىن جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى
يوققا چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن
كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاش-
قان، كۆپ خىل مەدەنىيەت ئالماشقان،
كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتنى
ئىنكار قىلىپ، شىنجاڭنى بىمەنىلىك
بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» دەپ
ئاتاپ، شىنجاڭ «مۇستەقىللىقى»نى
تەرغىب قىلدى. بۇ خاتا سەپسەتىلەر تارد-
خىي پاكىتلارغا پۈتۈنلەي خىلاپ بولۇپ،
شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى جۇڭخۇا مىللىتى
چوڭ ئائىلىسىدىن، شىنجاڭدىكى مىللەت-
لەر مەدەنىيىتىنى كۆپ مەنبە بىر گەۋدە-
لەشكەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىن ئايرىۋې-
تىشكە ئۇرۇندى، بۇ مۇقەررەركى كىشى-
لەر كۈلگىلىگە ياقمايدۇ.
تارىخنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ،
پاكىتنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. خەن
سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ، شىنجاڭ
رايونى رەسمىي ھالدا جۇڭگو تېررىتو-
رىيەسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان. جۇڭ-
گودىن ئىبارەت بىرلىككە كەلگەن كۆپ
مىللەتلىك دۆلەتنىڭ تارىخىي ئۆزگىرى-
شى داۋامىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلق پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن
بىرلىكتە جۇڭگونىڭ بىپايان زېمىنىنى
ئورتاق ئاچتى، كۆپ مەنبە بىر گەۋد-
لەشكەن جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلە-
سىنى ئورتاق بەرپا قىلدى. نەچچە مىڭ
يىللىق تارىخ شىنجاڭنىڭ جۇڭگو مۇ-
قەددەس زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر
قىسمى ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك ئىسپاتلى-
دى. جۇڭگو تارىخىدا، شىنجاڭ ئەزەل-
دىن قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان»
ئەمەس، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىس-
تان دۆلىتى» تېخىمۇ مەۋجۇت ئەمەس.
ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» سەپ-
سەتىسى ماھىيەتتە چېگرا ئىچى ـ سىر-
تىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر،
چەت ئەللەردىكى جۇڭگوغا قارشى
كۈچلەرنىڭ جۇڭگونى بۆلۈۋېتىش،
جۇڭگونى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇشتىكى
سىياسىي قورالى ۋە ھەرىكەت پروگ-
راممىسى.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)